# دوزاخ نەپسى شەھۋەتلەر بىلەن ئورالغان، جەننەت ياقتۇرۇلمايدىغان ئىشلار بىلەن ئورالغان

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دوزاخ نەپسى شەھۋەتلەر بىلەن ئورالغان، جەننەت ياقتۇرۇلمايدىغان ئىشلار بىلەن ئورالغان».
[تېكىست توغرا] [بۇخارى رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام دوزاخنىڭ ئىنسان كۆڭلى ئىشتىھا قىلىدىغان ھارام ئىشلار ياكى پەرز ئەمەللەرنى تەرك قىلىشتەك كەمچىلىكلەر بىلەن ئورالغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. نەپسى-خائىشىغا ئەگەشكەن كىشى دوزاخقا ھەقلىق بولىدۇ جەننەت ئىنساننىڭ كۆڭلى خالىمايدىغان، ياقتۇرمايدىغان يەنى بۇيرۇلغان ئەمەللەرنى ئادا قىلىش، ھارام ئىشلارنى تەرك قىلىش، سەۋىرچان بولۇش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئورالغان، بۇ ئىشلاردا تىرىشچانلىق قىلىپ، نەپسىگە قارشى كۆرەش قىلغان كىشى جەننەتكە كىرىشكە ھەقلىق بولىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3702

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee